№ 00

قاتتىق مەخپىي

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ھۆججىتى

جۇڭفا (1996) 7 - نومۇرلۇق

## مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئاچقان شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى يىغىننىڭ خاتىرىسى

(1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)

1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن چاقىرىلدى، يىغىندا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىن خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى كەڭ كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتكە

چىداپ كۆرەش قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلاردا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى تەدرىجىي چوڭقۇرلاش-تى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇر-مۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتە ئاساسەن مۇقىم بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مول بايلىققا ئىگە، ئەترا-پىدىكى مۇھىت ھازىر بىرگە بىر قەدەر پايدىلىق. ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىق-بالى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئار-قىلىقدا، شىنجاڭ دۆلىتىمىزدە ئىقتىساد بىر يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسى بو-لۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇنىسى سەگەكلىك بىلەن كۆ-رۈش كېرەككى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر نۆ-ۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ. گەۋ-دىلىك مەسىلە شۇكى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەر شىنجاڭ چېگرىسى ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرى-كەتلىرىنى ئاشكارا قوللىماقتا؛ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرى بىرلىشىشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچى-لىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۈنسايىن كۈچەيتمەكتە؛ چېگرا ئىچىدە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇتىرتىش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بېسىپ كىرىش، پارتلىتىش، تېررورلۇق قىلىش قاتارلىق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتى-دۇ، بەزىلىرى يوشۇرۇن ھالەتتىن يېرىم ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى، ھەتتا ھۆكۈمەت بىلەن ئاشكارا قارشىلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا ۋە بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايون-دىكى ئالاقىدار تارماقلار شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى قوزغاپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، مىللىي بۆل-گۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدا گەۋدى-لىك تۆھپە قوشتى. شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامان-ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىل-دى. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋەزىيىتى ۋە ۋە-زىپىسىدىن قارىغاندا، خىزمەتلىرىمىزدە بىر مۇنچە ئاجىز ھالقىلارمۇ مەۋ-

جۇت. شۇڭا، ئەتچەنچى مۇنەپىيەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ
مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە
مۇشەككۈللۈكىنى تولۇق تونۇش لازىم. ئۇزۇنتىنكى مۇرەككەپ خەلقئارا كۈ-
رەشتە، شىنجاڭ ئالدىدا بىر مۇنچە رىئال ۋە يوشۇرۇن تىنچسىزلىق ئامىللى-
رى مەۋجۇت. مۇشۇلارنى ئۇنتۇپ، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتنى
ۋاقتىدا كۈچەيتمىگەندە، بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدىكى بەزى ۋەقەلەر تۇيۇق-
سىز يۈز بېرىپ، ھەتتا مەلۇم دائىرىدە پاراكەندىچىلىك، مالىمانچىلىق يۈز
بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇم-
كىن. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلى-
رى ۋە ئالاقىدار تارماقلار چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئا-
ساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تىنچ ئازادلىقتا تۇرغاندا خەۋپ-خەتەر-
نى ئويلاپ، سۇ كەلگىچە توغان سېلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىم-
لىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆ-
كۈمەت رەھبەرلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغ-
داش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى ۋە قانۇنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قوغداش بايرىقىنى يۈكسەك
سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە مەردانىلىق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەڭ ھەر-
لەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاق-
ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئېغىر
جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ ۋە
ئۇلارغا زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى قاراتما-
لىقى بولغان ھالدا ئۈنۈملۈك كۈچەيتىشى كېرەك.

2. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى بولۇپمۇ
ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەيدانى مۇستەھكەم، سىيا-
سىي جەھەتتە ئىشەنچلىك كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلىش لازىم. بۇ يىل ۋە كېلەر
يىلى ئىككى يىل ئىچىدە، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرغان پارتىيە ياچېيكى-
لىرىنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىش، بولۇپمۇ دىنىي كۈچلەر چاڭگىلىغا كىرگۈ-
زۈۋالغان كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىشقا ئەھمىيەت بې-
رىش، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئىزچىل ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى مۇدى-
رىنى ئۆتكەنلىك ياخشى تاللاش، ياخشى قويۇش كېرەك. د تۆتلەشتۈ-
رۈش، فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا

ئاسىيانى ، يېزا - بازار پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنى پارتىيىنىڭ سىياسىيىتى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ ، ئامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتالايدىغان ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان مۇستەھكەم ، جەڭگىۋار كوللېكتىپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك . شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىم ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن بىر تۈركۈم بىر قەدەر مۇنەۋۋەر پارتىيىلىك كادىرلارنى ، جەڭچىلەرنى تاللاپ ، شىنجاڭنىڭ ناھىيە ، يېزا دەرىجىلىك كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاش ، كادىرلار قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش كېرەك . ھەر مىللەت كادىرلىرىغا قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ ، قەتئىي تۈردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان ، كۈچلۈك ئىنقىلابىي كەسپچانلىقتا ۋە مەلۇم كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۈچ بېرىپ قىلىپ يېتىشتۈرۈش لازىم ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ ، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيىدىغان ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدىغان ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم خەنزۇ كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە شىنجاڭدا ئىشلەشكە يۆتكەش كېرەك . شىنجاڭدا كادىر تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ۋە باشقا مەكتەپلەرگە تەربىيىلەشكە تاللاپ ئەۋەتىدىغانلارنىڭ سانىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك . پىلانلىق ھالدا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياشلارنى تاللاپ ئىچكى جايلارغا ئوقۇشقا ئەۋەتىش ، ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ئىچكى جايلاردىكى ئۆلكە ، شەھەرلەرگە ياكى مەركەزدىكى ئورگانلارغا تاللاپ ئەۋەتىپ ۋەزىپىگە قويۇش ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش كېرەك . ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال كىرگۈزۈش ، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشكە جەلپ قىلىش كېرەك . ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك . ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق رەھبىرىي تايانچىلار ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ بولىدۇ ، بۇنى مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئالاقىدار

ئۆلكە، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر بىرلىكتە ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ باشتىن - ئاخىر كومپارتىيىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدا مەھكەم تۇرۇشىغا، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق تەدبىرلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلىشىشىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كادىرلار قوشۇنىغا بولغان تەربىيە، باشقۇرۇشنى چىڭىتىش، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتە ئېغىر مەسىلىسى بار كادىرلار بايقالسا، ئۇلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈش، ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

3. پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىم. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە كەڭ ئاممىسى كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغدايدۇ، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەتايىدىل تەكشۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا ياخشىلاش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ ۋە توغرا ھەل قىلىپ، نېمە مەسىلە بولسا، شۇ مەسىلە بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەممە مەسىلىنى پەرقلەندۈرمەي مىللىي مەسىلە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ماجىرانىڭ مىللىي ماجىراغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايراق روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرى-
كەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. دىنىي مەسىلىگە، ئو-
مۇمەن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندۇ. پارتىيىنىڭ
دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ،
دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك. كەسكىن
تەدبىر قوللىنىپ، چېگرا سىرتىدىكى دىنىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش،
بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق
زەربە بېرىش كېرەك. بارلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەك-
لەش كېرەك. يەنە يېڭىدىن مەسچىت سېلىشنى قاتتىق تىزگىنلەش، ھۆكۈ-
مەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي ئۆزۈپ سالغان مەسچىتلەرنى دىنىي پائالى-
يەت سورۇنلىرىنى ئىزنىلاش بولى بىلەن ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.
بوزتىسىي مۇجەممەل بولغان ھەتتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەيدانىدا چىڭ
تۇرغانلارنى ۋاقتىدا پاسالاقلىق بىلەن تەكشۈرۈپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، مەس-
چىت ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي ئۆزرە ئىشەن-
چىلىك، ئىقتىدارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا ئۆتكۈزۈش كېرەك. يەر ئاستى
دىنىي مەكتەپ، جاباشخانا، تەبىرخانا قاتارلىق قانۇنسىز تەش-
كىلاتلارنى قەتئىي تەمەلدىن قالدۇرۇش. يەر ئاستى «تالىپ»لارنىڭ قا-
نۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كې-
رەك. يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ، ئۆقتىلاردا تەربىيىلىنىپ چىققان خادىملار-
نى بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ، قاتتىق كونترول قىلىش، ئۇلار ئىچىدىكى ئا-
دەتتىكى خادىملارغا، ئاساسلىقى، تەنقىدىي تەربىيە بېرىش، قانۇنغا
خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغانلىرىنى قانۇن بويىچە جازالاش كې-
رەك. دىنىنىڭ سىياسىي ئىشلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلى-
شىنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ توسۇش كېرەك. دىنىي ساھەدىكىلەرگە
بولغان قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، دىنىي زاتلارنىڭ قانۇنغا
رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن - تۈ-
زۈم يولىغا سېلىش كېرەك. دىنىي زاتلارغا دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بو-
يىچە ئېلىپ بېرىش-لازىملىقىنى، دىنىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار، ئەدلىيە، مائا-
رىپ ئىشلىرى ۋە ئائىلىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا بولمايدىغانلى-
قىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا بولماي-
دىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا ئېتىقاد
قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئارىسىدا قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى كۆپ خىل يول ۋە

ئۇسۇل ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. ھەم دىنىي ئې-
تىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى
قوغداش كېرەك؛ باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاشقا ھەرگىز
يول قويۇلمايدۇ. سىستېمىلىق تەربىيىلەش ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇر-
سىيە، ئۆگىنىشكە بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، ۋە-
تەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ياش بىر ئەۋلاد
ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش،
ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.
ھەر دەرىجىلىك مىللىي، دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسىي
قاتلام مىللىي، دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ كۈچىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەي-
تىش، ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

4. تەشۋىق - تەربىيىنى ياخشى ئىشلەپ، مەكتەپلەرنى ئىنقىلاپ ۋە تەرتىپكە
سېلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملەش
لازىم. تۈرلۈك تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە شىن-
جاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارى-
شى، دىن قارىشىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، دىنىي سىياسىتى ۋە
دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسى-
يالىستىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، «ياشىسۇن مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلى-
قى» دېگەن ئىدىيىنى ۋە كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۆ-
رەش قىلىش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، كا-
دىرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى توغرا دۆلەت قارىشى،
مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، قانۇن - تۈزۈم
قارىشىنى كۈچەيتىش، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر - بىرىدىن
ئايرىلالمايدۇ دېگەن سىياسىي قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتى-
گە ئىگە قىلىش، سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر
قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەك.
چېگرا جايلاردىكى مەكتەپلەر ۋە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈ-
چەيتىپ، شىنجاڭنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، را-
دىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي يېزىقتىكى نە-
شىر بويۇملىرىنى نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە،
مەدەنىيەت بازىسىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى، كا-

دىرلار، ئوقۇتقۇچىلارغا، كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە كادىرلىرى ماركسىزمچى ماتېرىيالىزمچىلار ۋە ئاتېئىزمچىلار، ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا بولمايدۇ. دىنىي ئاڭغا ئىگە پارتىيە ئەزالىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى دىنىي ئاڭنىڭ تەسىرىدىن ئاڭلىق قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك؛ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈش كېرەك. مائارىپ تارماقلىرى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىشنى چىڭ تۇتۇشى، دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئادەتتىكى مەكتەپلەرنى چىرىتىشىگە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى سىڭدۈرۈشىگە يول قويماسلىقى، ھەر خىل دەرسلىكلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان، دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان مەزمۇنلارنى قەتئىي چىقىرىپ تاشلىشى لازىم. چېگرا سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى مەكتەپلەرگە كېلىپ دەرس سۆزلەش قاتارلىق ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش، دىنىي مەسىلە قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىش كېرەك. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تاللاشتا، ئۇلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى ۋە رېئال ئىپادىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئىپادىسى ياخشى بولمىغانلارنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان، ئۆزى يول چىقىرىپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا، ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلىشى كېرەك. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى مەكتەپلەر بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى قاتتىق چەكلەش كېرەك. چېگرا رايوندىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چېگرا سىرتىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا بولمايدۇ. يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تەنقىدىي - تەربىيە بېرىش ۋە قىلمىشى ئېغىرلارنى قانۇن، ئىنتىزام بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەدەنىيەت، كىتاب، ژۇر-

نال بازىرى، نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك ساھەسىنى قاتتىق باشقۇرۇش
كېرەك. تارىخنى بۇرمىلايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ۋە قانۇنسىز دىب-
نىي ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىدىغان كىتاب - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى
بىردەك تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىش، يىغىۋېلىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك خا-
دىملارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش ۋە سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

5. جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قاتارلىق
خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئورگانلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچى-
لىككە، بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىل-
دۇرۇش لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى،
تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى قاتارلىق تار-
ماقلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ۋە كادىر - ساقچى قوشۇنىنى تولۇقلاپ
ۋە كۈچەيتىپ، قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى
ساپاسىنى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ماد-
دىي سېلىنمىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جابدۇقلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش،
ئومۇمىي جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت
خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ۋە ئارمىيىنىڭ ئاخبارات تارماقلىرى بىرلىكتە كۈ-
چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن ئە-
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ۋە ئاخبارات توپلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش
لازىم. جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سەزگۈر ئاخبارات - ئۇچۇر
تورى قۇرۇپ، چوڭقۇر قاتلاملىق، ئىچكى پەردە خاراكتېرلىك، ئالدىن
سىگنال بېرىش خاراكتېرلىك ئاخبارات - ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا، توغرا
قولغا چۈشۈرۈش لازىم. مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېت قىلىش خىزمىتى-
نى چىڭ تۇتۇپ، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي
بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ۋە جىنايى ئىشلار جىنايى ھە-
رىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە ۋاقتىدا قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. شىنجاڭ را-
يونىدىكى تۈزۈمە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترەتلىرىنى باشقۇرۇش خىز-
مىتىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمە، تەربىيىلەش ئەترەتلىرىنىڭ تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقى-
غا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. چېگرا، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر-

نىڭ ۋە قورال ـ ياراغ، تەمىنات بۇيۇملىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىدىن ۋە چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى سىلىق بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئالاقە باغلاپ تىل بىرىكتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش لازىم.

6. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش لازىم. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرىدىغان ۋە چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان ئىشەنچلىك مۇھىم كۈچ. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە نۇرغۇن قىيىنچىلىقنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ھەمدە ئىچكىرى جايلاردىكى ئىرادىلىك ياشلارنى بىڭتۈەنگە كېلىپ ئىشلەشكە داۋاملىق سەپەرۋەر قىلىپ، قوشۇننى زورايتىپ، بىڭتۈەننىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى ئالاھىدە فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. بىڭتۈەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، زۆرۈر بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بىڭتۈەننىڭ تۈزۈلمىسى، فۇنكسىيىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەمگەك بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈش، بوز يەر ئېچىش، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ. دۆلەت ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا ھەربىي ئىشلار تارماقلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ بويىچە مۇناسىپ خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ. بىڭتۈەننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى يەنىلا دۆلەت پىلانىغا ئايرىم كىرگۈزۈلىدۇ ھەمدە يەرلىكنىڭكى بىلەن زىچ تۇتاشتۇرۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. دۆلەت جەنۇبىي شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرغان، گۈللەندۈرگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىڭتۈەننى راۋاجلاندۇرۇش ۋە زورايتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بىڭتۈەننىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىڭتۈەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، تىنچ، قېرىنداشلىق قاتارلىق جەھەتلەر-

دە كۆرۈلگەن زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك .
7 . شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىي قورۇلۇشى-
نى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى پولات سېپىل ھاسىل قىلىش
لازىم . شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى ، ئا-
جىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ . قىسىملاردا مىللىي سىياسەت ، دىنىي سىياسەت تەر-
بىيىسىنى قارا تىپلىق بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىپ ، قاتتىق باشقۇرۇپ ، كو-
ماندىر - جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي ، ھەربىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ ، دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ ئارازچىلىق پەيدا قىلىپ ۋە سىڭىپ كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش-
نىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش لازىم . ئارمىيە - ھۆكۈمەت ، ئارمىيە - خەلق
ئىتتىپاقلىقىنى ياقلاش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش لازىم ، ئۇيۇشقاقلىقنى قوغ-
داش ھەرىكىتى لايىھىسى ۋە كاپالەتلىك قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەم-
مەللەشتۈرۈپ ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ۋە
قوراللىق ساقچى قىسىم بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ ، زىچ ماسلى-
شىپ ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە پائال
ھەمكارلىشىش لازىم . جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى
قىسىم [illegible] خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش لازىم . ناھىيىلىك
(شەھەرلىك) خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش
لازىم . خەلق ئەسكەرلىرى ۋە زاپاس ئەسكەرلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل
ياخشى ئىشلەش ، ۋىلايەت (ئوبلاست) ، ناھىيە (شەھەر) مەركەزلىرىدە قۇ-
رۇلغان خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە [illegible]-
لىرىگە بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش ، قا[illegible] [illegible]-
رۈپ ۋە تەربىيىلەپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىي ، سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ،
رەھبەرلىك ، قوماندانلىق ھوقۇقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە
خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قولىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم .
8 . ئالاقىدار دىپلوماتىيە خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ ، چېگرا سىرتىدىكى
مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆپ تەرەپتىن چەكلەش لازىم . تۈرك-
يە ، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارنىڭ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى
كۈچلەرنىڭ ئاياسلىق ھەرىكەت بازىسى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ، دىپ-
لوماتىيە يولى ئارقىلىق ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ

ئۆز-چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرىكەتنى چەكلەش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشقا ھەي-
ئەتچىلىك قىلىش لازىم. ئۆزىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىز-
دىن تولۇق پايدىلىنىپ، مۇشۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىككى تەرەپ دوس-
تانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا بولغان بېسىمنى داۋاملىق ساقلاش، چېگرا سىر-
تىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتنى كۆزدە تۇتۇپ، زۆرۈر سۆزلىشىش
ۋە كۆرەش قىلىش لازىم. چېگرا سىرتىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى
كۈچەيتىپ، ئالاقىدارلىرىمىزنى ۋاقتىدا ئىگىلەش، جۇڭگو بىلەن چېگرا سىرت-
دىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» مە-
سىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش لازىم؛ چېگرا سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى بۆلۈپ ۋە پار-
چىلاپ، كۆپ ساندىكىلەر بىلەن ئىتىپاقلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاز
ساندىكىلەرنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش لازىم. جۇڭگو-
لۇقلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ۋە شەھەر-
لەرنى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات-
نى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ، چوڭقۇر دوست تۇتۇپ، چېگرا سىرتىدىكى
مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئەڭ چوڭ دەرىجىدە چەكلەش
لازىم.

9. تويۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقى-
نى ياخشى قىلىش لازىم. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىدە بىر-
لەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دائىم ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ، ۋە-
زىيەتنى تەھلىل قىلىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭ-
نىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىگە بولغان ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك-
نى كۈچەيتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمى-
تى ۋە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى شىن-
جاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بى-
لەن بىرلىكتە، تويۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى
ئالدىن تۈزۈپ چىقىپ، مانېۋىرنى كۈچەيتىش ھەم ئادەم كۈچى، مالىيە كۈ-
چى، ماددىي كۈچ جەھەتتىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش

لازىم. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم قوشۇنلىرىنى كۈچەي-
تىش، ئۇيۇشقاقلىقنى، يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچە-
يتىش لازىم. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەزى-
يەتنى دائىم تەھلىل قىلىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىپ، سى-
ياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلەپ، بې-
رىپ، ھەرىكەت لايىھىسىنى ئالدىن تۈزۈپ، تۈرلۈك جىددىي، مۇرەككەپ
ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كۈچى، تەييارلىقىنى يەنىمۇ بەلگىلىك ئاشۇرۇشى
لازىم. ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان باشقا بۆلەكلەر، شەھەر-
لەردىكى قوراللىق ساقچى قىسىم تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، قوغدىشى
لازىم. كۆرۈش تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئاساسىي قاتلام قۇ-
رۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، جىددىي ئەھۋالغا
تاقابىل تۇرۇش مەشىقىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، كاپالەتلىك قىلىش ساپا-
قىنى ئاشۇرۇپ، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان تېزدىن ئاتلىنىشنى، ھەقىقىي ئىشقا
ئاشۇرۇش لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى زوراۋانلىقتىن، بۇ جايدا كۆرۈش
تەرتىپى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم زاپاس كۈچلەر شۇبە، تەرتىپنى قوغدىلۇ-
شقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۈگۈنكى ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش
لازىم. مۇھىم نىشانلارنى قوراللىق مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىپ،
ئۇنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يەرلىك ھەر دەرى-
جىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جايدا تۇ-
راللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى مۇقىملىقنى قوغداش بىر-
لەشمە يىغىنىغا ۋە قوماندانلىق ئاپپاراتىغا قاتناشتۇرۇشى لازىم.

10. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش
لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇ-
رۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش-
نى تېزلىتىشتە چىڭ تۇرۇش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ مۇھىم ئا-
ساسى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە 8 - نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىدا ماقۇللانغان ئىلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى
ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە

بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەربىي قىسىم تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، پەرقنى كىچىكلىتىش كېرەك. مەركەز شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مايىللىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كەسىپلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە مالىيە كىرىمىدە، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتارلىق جەھەتتە شىنجاڭغا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپ مەدەت بېرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. مەركەزنىڭ پۇل چىقىرىشى، يەرلىكنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆزئۆزى يولىنى تېزلىتىپ بۇيتۇرۇپ، بۇ جاينىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا تايانچ بولۇپ، ئۇنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى تېز ئۆزگەرتىش كېرەك. دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار قۇرۇلۇشنى لاشتۇرۇلغان قۇرۇلۇش تۈرى ۋە ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئاساسىدا ٦٠ - ٩٠ بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىشى لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىن خاتىرىسىنىڭ قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك بولغان يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلەرنى بىر - بىرلەپ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى، ئىچكى قىسىم بىلەن سىرتنى پەرقلەندۈرۈش پرىنسىپى بويىچە،

ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ، بۇ «خاتىرە»نى يەتكۈزۈش ، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىشى كېرەك .

(بۇ ھۆججەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ، لەنجۇ ھەربىي رايونى پارتىيە كومىتېتىغا ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار بۆلۈم ، كومىتېتلىرىغا ، دۆلەت ئورگىنىدىكى ئالاقىدار مىنىستىرلىك ، كومىتېتلاردىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى) غا ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش بۆلۈملىرىگە ، ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغا تارقىتىلدى)